چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

# يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ قەلبلەر ئىللىدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، مۇخبىر پوسكام ناھىيەسىنىڭ تۆگەن يېزىسى يېڭىئاۋات كەنتىگە كەلدى. كەنتكە كىرگەندە، پاكىز يول، رەتلىك ئەمەن ئۆيلەر كىشىگە بۇ يەردىكى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى ھېس قىلدۇراتتى. ھەممە ئائىلىلەر قىپقىزىل جۈنلىەن چاپلىغانىدى، خۇشال كەيپىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى.

«ھازىر قەلبىمدە ھەقىقەتەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان خۇشاللىق ۋە ھاياجان بار، ئەزەلدىن ئاستىدىن ئىسسىيدىغان پارلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردىشىمنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ يىل مۇشۇ يەردە چاغان ئۆتكۈزىمىز، قەلبىم بەكلا ئىللىدى.» كەنت ئاھالىسى تۇماخان ھۆسەننىڭ چىھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

تۇماخان ئىلگىرى ياشىغان ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ كوسراپ يېزىسى تاغلىق كۆلىمى 95%تىن ئاشىدىغان كونېنلۇن تاغلىق رايونغا جايلاشقانىدى.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بولمىسا، بۇ ئۆمرۈمدە نەدىمۇ بۇنداق ئازادە، يورۇق، ئىسسىق يېڭى ئۆيدە ئولتۇرالايتتىم!» دېدى تۇماخان ھاياجانلانغان ھالدا.

تۇماخاننى ئەڭ خۇشال قىلغىنى، يېڭى ئۆيگە سۇ ئىسسىتقۇچ ئورنىتىلغانلىقى بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئىسسىق سۇ ئىشلەتكىلى بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئىلگىرى يۇيۇنسا، بىر داس سۇ ئېلىپ بەدىنىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتەتتى. «تاغ ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىمىزدا، مەكتەپتە ئوقۇش، كېسەل كۆرستىشنىڭ ھەممىسى قولايسىز ئىدى. ھازىر ئۆيدىن مەھەللە پائالىيەت مەركىزى، تاللا بازىرى، شىپاخانىغا بېرىشقا نەچچە مىنۇتلا كېتىدۇ.» تۇماخاننىڭ ئېيتىشىچە، تاغدا تۇرغاندا ئۇ يەر تېرىپ، قوي بېقىشقىلا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتىكەن، كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىشلەشكە باشلاپتۇ. تۇماخان ئۆزىنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە «خىزمەتچى»گە ئايلىنىپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەن.

يېرىم يىل ئىلگىرى، ھاشىم ھۆسەن ئائىلىسىمۇ كونېنلۇن تاغلىق رايوندىن كۆچۈپ، تۆگەن يېزىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. كۆچۈپ كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، يېڭى تۇرمۇش مەنزىرىسى شەكىللىنىپ بوپتۇ.

«ئائىلىمىزدىكى بەش جان ئەمدى كىچىككىنە ئۆيدە قىستالمايدىغان بولدۇق، يېڭى ئۆيدە چاغان ئۆتكۈزۈش ھېسسىياتى ھەقىقەتەن ياخشىكەن!» گەرچە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگىنىگە يېرىم يىل بولغان بولسىمۇ، ھاشىم يەنىلا ھاياجان ئىلكىدە ئىدى.

«ئىلگىرى، ھەر يىلى 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا تاغدىن كەلكۈن، لاي ـ شېغىللىق ئېقىن كېلىپ، ياكى ئۆيىمىزنى سۇ بېسىپ كېتەتتى ياكى يېرىمىزنى يالاپ كېتەتتى.» نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا نىسبەتەن، تاغدا 48 يىل ياشىغان ھاشىمنىڭ پىلانىمۇ، دەرمانىمۇ يوق ئىكەنتۇق، «نامراتلىق ئاشۇ تاغقا ئوخشايدۇ، بىز تۇغۇلۇشىمىز بىلەنلا ئۇنىڭ ئىچىدە ئىدۇق».

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەممە جايدا بىز پۇقرالارنى ئويلاپ، بىزگە ياردەم قىلىپ يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى، ھويلىمىزنى ئوخشاپ بەردى، ئىللىق قوتان ياساپ بەردى، بىزگە يەنە 8.8 مو يەم ـ خەشەك يېرى ۋە تۆت مو تېرىلغۇ يەر بۆلۈپ بەردى، تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتتى.» ھاشىم ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۆيۈمدىكى قوي كۆپىيىپ 30 تۇياققا يەتتى».

تۆگەن يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ھاشىم كىچىك يۈك ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يەم ـ خەشەك ۋە قوي توشۇش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ، يەنە ئىنىسى بىلەن شېرىكلىشىپ كىچىك مىنبۇس سېتىۋېلىپ، يولۇچى توشۇپتۇ. «بىر يىلدا، ئاز دېگەندىمۇ 100 مىڭ يۈەن تاپالايمىز.» يېڭى بىر يىلدا، ھاشىم ئائىلىسى ئۈمىدكە تولغانىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر، ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار، قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، مېيىپ ھەربىيلەر، كەسپ ئالماشتۇرۇپ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، خەلق ئەسكەرلىرى ـ زاپاس ھەربىيلەرگە چاغانلىق بەخت ۋە گۈزەل تىلەك تىلىدى! بايرام مەزگىلىدە خىزمەت ئورنىدا يەنىلا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ۋە ۋەتىنىمىز چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ بىرىنچى سېپىنى ساقلاۋاتقان يولداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى!

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە شى جۇشىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى يېتەكچى قىلىپ، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، تەڭداشسىز مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كەڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئىستىلى ئېسىل ـ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قىسىم، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسنى كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەشتىكى سادىق مۇھاپىزەتچىلەر، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم ئۇل تاش، پارتىيە ۋە خەلق پۈتۈنلەي ئىشىنىدىغان، تايىنىدىغان ھەيۋەتلىك قوشۇن، مەدەنىي قوشۇن، غالىب قوشۇن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىدىغان، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل بولۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇساپىسىدە ئابىدە ۋە بەلگە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا ئىلگىرىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى قوللاپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، قىسىمنىڭ ئىسلاھاتى، قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، قىسىم تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكى بولۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە قورالىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە شى جۇشىنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، قەتئىي ئاڭلىق ھالدا پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي ئاڭلىق ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداپ، شى جۇشىنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قوغداپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش روھىنى مۇستەھكەملەپ، ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈپ، جەڭگە تەييارلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلىشنى قاتتىق تۇتۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ئېغىر ۋەزىپىسىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش ـ ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى جاسارەت بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى پۈختا ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىشنى ئۈمىد قىلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ جېڭبۈيى لى ۋېي، 63650 ـ قىسىمنىڭ جېڭبۈيى يۈ لىبى، قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ سىلىڭيۈەنى جوۋ جيەنگو، ھاۋا ئارمىيەسى ئۈرۈمچى بازىسىنىڭ جېڭبۈيى جۇ جۈن، قورالىق ساقچى قىسىم بىڭتۈەن باش ئەترىتىنىڭ جېڭبۈيى رېن يەنبو شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە شى جۇشىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، يېڭى دەۋر پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋر ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ياخشى «تۇراقلاشتۇرغۇچ» بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇندايمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىشلىق ھۇجۇم»نىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى» «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ 2020 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇشۇسكا ئېسىپ نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەركەتچان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش چارىسى» قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى، قاراپ چىقىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئۆلچىمىنى چىڭ ئىگىلەپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىغا بولغان تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تۇردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسەتلەرنى پىششىق بىلىپ، ۋەزىپىنى چۈشىنىپ، مۇھىم نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنىنى، قىيىننىڭ قىيىنىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، پۈتۈن كۈچنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تاماملاش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىشتىكى ئىشەنچ، ئىرادىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نىشان ـ ئۆلچەمدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئاساسىي ئۆلچىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەشتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» «ئۈچ دەل جايىدا بولۇش» «ئۈچ كاپالەت»نى چۆرىدەپ، نازارەت بىلەن جەڭنى بىرلەشتۈرۈش، ۋاقىت بىلەن ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشنى ياخشى قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلار تولۇق تېپىلىپ ، ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن باشلاپ كۆزلەپ، ئەڭ ئاجىز ھالقىدىن باشلاپ تۇتۇش قىلىپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەبلەغ ئىشلىتىش، ئادەم كۈچىنى تەڭشەپ سەپلەش، يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش خىزمەتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، قەتئىي يوچۇق قالدۇرماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»ى، 2019 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تەكشۈرۈپ باھالاش، چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا قايتىما ئىنكاس قىلىنغان ياكى بايقالغان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ھەممىسنى جايىدا تۈزىتىشكە، مەسىلىنىڭ قەتئىي قايتا باش كۆتۈرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، نەتىجىنى مۇستەھكەملەش، ئۈستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇپ، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىغان ناھىيەلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدىغان ئاھالىلەرگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ چىنلىقى، توغرىلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ «قوش گۇرۇپپا باشلىقى» تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دەرىجىمۇدەرىجە بېسىم يەتكۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلامۇقاتلام چىڭىتىپ، تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ كەنتكىچە، ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەم ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# گې خەنبىن: سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىش



گې خەنبىننىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېجياڭ، 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىر خې جۈەن) خېنەن ئۆلكىسى پىڭدىڭشەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش باشقۇرۇش تارماق ئەترىتى ئىشخانا بىناسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا بار بولۇپ، ئۇ «جەنخې دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ. 20 يىل ئىلگىرى، 38 ياشقا كىرگەن گې خەنبىن مۇشۇ دەريادا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

گې خەنبىن، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋچېڭ ناھىيەسىدىن، خەنزۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېنەن ئۆلكىسى پىڭدىڭشەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، موتورلۇق چوڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى، 3 ـ دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى بولغان.

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سائەت 16 ئەتراپىدا، پىڭدىڭشەن شەھىرى تيەنشى گۇرۇھىنىڭ خىزمەتچىسى چېن گومىن قىزىنى ئېلىپ قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ ئەتراپىدىكى دەريا قىرغىقىدا سەيلە قىلىۋاتقاندا، قىزىنىڭ بىر پاي ئايغىنى سۇغۇۋېلىش ئۈچۈن ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ جەنخې دەرياسىنىڭ كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، سۇ ئورنى ئۆرلەپ كەتكەچكە، يۇقىرى ئېقىندىكى بەيگۈيشەن سۇ ئامبىرىدا چۈشۈرگە ئېچىۋېتىلىپ سۇ قويۇۋېتىلگەنىدى، چېن گومىن ناھايىتى تېزلا جىددىي ئېقىن تەرىپىدىن شىنخۇا يولى كۆۋرۈكىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كاۋچۇك توسمىغا ئېقىپ كېتىلگەن.

سائەت 16 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، شۇ چاغدا قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى موتورلۇق چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان گې خەنبىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 110نىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان، بۇيرۇقتا قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كاۋچۇك توسمىدا بىرەيلەننىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گې خەنبىن چوڭ قەدەم بىلەن بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كىيىمنى سېلىپ تاشلاپ، قىرغاققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكۈچى تەرەپكە ئۈزۈپ بارغان.

كاۋچۇك توسمىنىڭ ئاستىدا، گې خەنبىن شىددەتلىك ئېقىن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدىگەن. لېكىن ئۇ دەريا قايىنىمىغا كىرىپ قېلىپ، بارغانسېرى ماغدۇرسىزلانغان، ئاخىردا قايىنام ئۇنى دەريا تېگىگە ئەكىرىپ كەتكەن. شىددەتلىك ئېقىندىكى قايىنامغا يېقىنلاشقىلى بولمىغانلىقتىن، ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن تارماق ئەترەتنىڭ خەلق ساقچىلىرى ۋە باشقا قۇتقۇزۇش كۈچلىرى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئارقان تاشلاپ، ئارقانى تۇتۇپ سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئىزدەش ـ قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارغان. گې خەنبىن سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقىلغاندا، ئۇنىڭدا ئاللىبۇرۇن ھاياتلىقتىن بىشارەت قالمىغان.

گې خەنبىن ھايات ۋاقتىدا تۇرۇشلۇق موتورلۇق چوڭ ئەترەت شەھەر رايونىدىكى قاتناشنى چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە چوڭ تىپتىكى پائالىيەتلەردە قاتناشنى قوغداش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ھايات ـ ماماتلىق پەيت، خەتەرلىك پەيتلەردىكى ھەر بىر سىناق ئالدىدا، گې خەنبىن ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتى، پايدا ـ زىيىنى بىلەن ھېسابلاشماي، مەڭگۈ بوشاشماي خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تاللىغان.

1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، جېجياڭدىن نەنياڭغا قاراپ ماڭغان بىر چوڭ يولۇچىلار ئاپتوبۇسى يول بويىدىكى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كۆلچەككە چۈشۈپ كەتكەن. گې خەنبىن ۋە سەككىز ئەترەت ئەزاسى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن 49 يولۇچىنى سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان چوڭقۇر سۇدىن قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئېلىپ چىققان. گې خەنبىننىڭ پۈتۈن بەدىنى توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن، پۇت ـ قوللىرىنى مىدىرلىتالماي قالغان، تىترەپ سۆزلىيەلمەي قالغان. ئۇنىڭ ئېپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۇنى شەرەپ بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالغان.

1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سەھەردە، بىر ئۈزۈن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بۇزۇلۇپ قالغان ئاپتوموبىلنى يانداپ ئۆتمەكچى بولغاندا كۆلچەككە چۈشۈپ كەتكەن، گې خەنبىن ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ نۆلدىن تۆۋەن 5 سېلسىيە گرادۇسلۇق سوغۇق سۇدىن 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن قىممەتتىكى نەرسە ـ كېرەكنى سۈزۈپ چىققان. تارماق ئەترەت ئەسلىدە ئۇنى خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىپ مۇكاپاتلاشنى پىلانلىغان، لېكىن ئۇ رەت قىلىپ، پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشقا ئەترەت ئەزالىرىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

گې خەنبىن 1980 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە قاتناش باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش بىرىنچى سېپىدە كۆرەش قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ساقچى ئىشلىرىدا پاك بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان خىزمەت نەتىجىلىرىنى يارىتىپ، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، «خېنەن ئۆلكىسى بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، گې خەنبىنغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

گې خەنبىن قۇربان بولغان چاغدا، ئۇنىڭ ئوغلى گې چىلياڭ ئەمدىلا ئون ياشنىڭ قارىسنى ئالغانىدى. گې چىلياڭ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، 2008 ـ يىلى ساقچى مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خەلق ساقچىسى بولدى. «دادام مېنىڭ ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاساسىي قاتلام ساقچىخانىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تاللىدىم، خەلق بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ساقچىلارنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى چۈشەندىم، شۇنداقلا دادامنىڭ 20 يىل بۇرۇنقى تاللىشىنى تېخىمۇ چۈشەندىم».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)